# شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى يۈزەكى مۇھاكىمە

جۇ گۇئرېن

10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى

ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى شىنجاڭدا يامان ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەگەر ھازىرمۇ شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلسە، شۈبھىسىزكى ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدۇ. تازا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، 80 - ، 90 - يىللار ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرى بەك ئەۋج ئالغان 20 يىل بولدى. بۇ ھال ھەم سىرتتىكى خەلقئارا مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم دۆلەت ئىچىدىكى خاتا سىياسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆتكەنكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار فاڭجېن - سىياسەتلىرى مېنىڭ قارىشىمچە بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىنكى سىياسەتلىرى. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولالايدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، مانا مۇشۇ فاڭجېن - سىياسەتلەر مىللىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى: شىنجاڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىنىڭ يامراپ كېتىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىسى تولا يىغلايدىغان بالا گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا قورقۇپ يىغىسىدىن توختاپ قالار ئىكەن. بۇنىڭدىن ۋاڭ جېننىڭ ھەيۋىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. ۋاڭ جېن — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ يۈرەكلىك قەھرىمانى. ئۇ زور زوڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى «ئەسكەرلەر بوز يەر ئېچىپ چېگرا رايوننى ساقلاش» سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇردى. ئادەتتە يۇقىرا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بۇ ئورگان شىنجاڭنىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. «چاقىرغاندا كېلەلەيدىغان، جەڭ قىلغاندا غەلىبە قىلالايدىغان» مىليون كىشىلىك بۇ قوشۇن دۆلەتتىن بىر تال ئاشلىق تەلەپ قىلمىدى. ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرگە زور كۈچ بىلەن زەربە بېرىپ، شىنجاڭنى نەچچە ئون يىل تىنچ ساقلىدى. لېكىن ۋاڭ جېنمۇ سەل رەھىمسىزلىك قىلدى: يەنى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋاڭ جېن ئارمىيىنى يېزىلارنى قورشاشقا بۇيرۇپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە، تاپشۇرۇپ بەرمىسە شۇ مەھەللىدىكى ئەرلەردىن بىر ئەسكەر ئۈچۈن بەشنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولغان

بولسا، ھەقىقەتەن سەل قانخورلۇق قىلغان. لېكىن ئىنچىكە ئويلانغاندا بۇنىڭمۇ داۋلىسى بولۇپ، جۇڭخۇانىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان. چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ رەھىمدىللىك قىلىشى، يۇمشاق قول بولۇشى بىلەن بۆلگۈنچىلەر كۆز قارىشىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ھۆكۈمەتنى ئاجىز دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇلار زورىيىپ كېتىپ، ناقابىل تۈزىماق مۇمكىن بولماي قالغان چاغدا، مۇنتىزىم ئارمىيە بىلەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭ كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دۈشمەنگە رەھىمدىللىك قىلىش ئۆزىگە زوراۋانلىق قىلىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، شۇ چاغدىكى دۆلەت كۈچى تۈپەيلىدىن مەركەز شىنجاڭ رايونىغا بەك كۆپ يۇمشاقلىق قىلمىدى. زوراۋانلىقتىن قالغان داغنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتالمىدى. كىشىلەرنىڭ قەلبىگە چېچىلغان بۇ ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى/80 - يىللاردا بىخلاپ چىقتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ماۋ زېدۇڭ دەۋرى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئەڭ تىنچ، مىللىي زىددىيەت ئەڭ پەسەيگەن دەۋر بولدى، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىز بۇ ھەقتە ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە ئىدى. خۇ ياۋباڭ دەۋرىگە كەلگەندە، سۇبيېكتىپچىلىق چوڭ خاتالىقى سادىر قىلىندى. يەنى«شىنجاڭ،شىزاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددا» چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى مۇنداق بولدى:

1.تولۇق ئاپتونومىيە بولۇش؛

2. تەربىيىلىنىپ، ھاللىنىشلىش؛

3. ئاپتونوم رايون ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان جانلىق سىياسەت قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛

4. ناھايىتى كۆپ خىراجەت ياردەم قىلىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا سەرپ قىلىش؛

5. ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛

6. شىنجاڭغا، شىزاڭغا بارغان كادىرلارنى تۈركۈمگە،مۇددەتكە بۆلۈپ ئىچكىرىسىگە يۆتكەپ كېتىش.

يۇقىرىقى ئالتە ماددىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەشنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى نىسبىتىنى كۆپەيتىشنى، خەنزۇ كادىرلارنى بالدۇر پېنسىيىگە چىقىرىشنى، ياكى ئۇلارنىڭ ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىپ كېتىشىگە ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى.

خۇ ياۋباڭنىڭ قارىشىچە، سىياسەتتە شىنجاڭغا ئېتىبار بېرىلسە، ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارغا تەبىئىي مايىللىشىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى تەبىئىي يوسۇندا قوغدىلىدۇ. كىم بىلسۇن، ئۇيغۇرلار جۇڭگونى ئۆزىنىڭ دۆلىتى دەپ قارىمىدى. غەربنىڭ بىر مۇخبىرى مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلغان: دۆلەت بايرىقىنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەر كۈنى چىقىرىپ بولۇپ يىغىۋېلىنغان دۆلەت

بايرىقىنى ئەكېرىپ دەسسىگەن! قانداق ئۆچمەنلىك مۇشۇ دەرىجىگە ئېلىپ باردى؟!

خۇ ياۋالى ئاساسلىقى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتە خاتالاشتى:

1. شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ھەقىقىي تايىنىشقا بولىدىغان كۈچ ئۇيغۇرلار ئەمەس، بەلكى خەنزۇلار ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت ئىتتىپاقلىشىش ئوبيېكتى بولىدىغانلىقىنى، كۆچمەنلىك ئاساسىي گەۋدىسى بولالمايدىغانلىقىنى بىلمىدى. شىنجاڭ توغرىسىدىكى ئالتە ماددىنىڭ بىر نەچچە ماددىسى خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزدى. مەسىلەن، 60 پىرسەنت سىياسىتى — ئىشچى قوبۇل قىلغاندا، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا شىنجاڭلىقلار 60 پىرسەنتنى ئىگىلەش، رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە 1 - قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش كېرەك، دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنى 2 - دەرىجىلىك پۇقرا ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا ئاساسىي قاتلامنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش پەيلىسىنى كۈچەيتىپ قويدى، ئۆز ئارا زىددىيەتنى ئىنتايىن كۆپەيتىۋەتتى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، بۇنداق سىياسەت ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلارغا بولغان ياخشى تەسىراتىنى كۈچەيتەلمىدى. بولۇپمۇ 90 - يىللاردىن كېيىن بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قىسقارتىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار قىيىنچىلىقتا قالدى. يۇقىرىقى سىياسەت يەنە بىر يۈك بولۇپ قالدى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولدى. چۈنكى خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ نىسبىتى چوڭ، ساپاسى تۆۋەن ئىدى. ھەتتا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدىغانلار 60 پىرسەنت بولۇش سىياسىتىمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىسىدا يۈك بولۇپ قالدى، بولغاندىمۇ بەك خەتەرلىك يۈك بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇئەييەن بىلىم ئىگىلىدى، لېكىن خىزمەت تاپالماي جەمئىيەتتىن نارازى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر مالىمانچىلىق، ھەرقانداق بىر تەشكىلنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن بىلىملىك نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قاتنىشىشىغا توغرا كەلگەن. بىر توپ ساۋاتسىزلارغا تايىنىپ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدىكى ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئادەملەرنى تەييارلاۋاتىدۇ.

2. قانۇن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارغا كۈچىنى يوقاتتى. ئەگەر ھەقىقىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىگە كىرىدۇ. بۇ سۆز سەل چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەن، مۇبالىغە قىلىۋېتىلگەندەك كۆرۈلسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ساقلىشىدىكى ئىلاجسىزلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن يالغان خاراكتېرلىك بەزى دېلولار، مەسىلەن، كاۋاپچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلغا ئاران ئىككى يىللىق قاماق جازاسى بېرىش قاتارلىقلار خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. ئەگەر 60 پىرسەنتلىك سىياسەت ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە زىيان سالدى دېيىلسە، ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالىنىڭ بۇنداق ناچارلىشىشى ياشاش ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزدى. ئەگەر بولۇشىغا قويۇۋېتىلسە، كەڭ كۆلەملىك مىللىي قىرغىنچىلىقنى ۋە نوپۇسنىڭ بىنورمال ئېقىشىنى — شىنجاڭدىكى

خەنزۇلارنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېقىشىنى پەيدا قىلىدۇ! ئوخشاشلا بۇنداق قانات ئاستىغا ئېلىشتىن ئۇيغۇرلار مىننەتدار بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، گۆشنى ئوتقان ئادەم گۆشنى ئالمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ساقچىلاردا ئۇيغۇرلارنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىسا ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ قانۇن ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ. بۇنداق بولۇشىنى بىزنىڭ سىياسىتىمىز ئۇلارغا ئادەتلەندۈرۈپ قويغان. ۋەھالەنكى، بۇنداق سىياسەت خەنزۇلار ئارىسىدا قانداق تەسىر پەيدا قىلدى؟ ئەمدى يەنە بىر مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

1993 - يىلى شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھرىدە قانلىق دېلو پەيدا بولدى. ئۇ دېلونى بۈگۈن ئويلىسىمۇ ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ. شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ پاخالچىلىكمۇ قەدرى بولمىغان. قەشقەر شەھرىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان خەنزۇ ئايال باغچىنىڭ ئالدىدا بىليارت تاختىسى قويۇپ تىرىكچىلىك قىلغان. چۈشتە 14 ياشلىق سىڭلىسىنى ئېلىپ ئالىي مەكتەپتىن تەتىل قىلىپ كەلگەن قىز ئاپىسىنىڭ ئورنىدا بىليارت تاختىسىغا قاراپ تۇرغان. ئاپىسى تاماق يېگىلى كەتكەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئانا يىگىملا ئالىي مەكتەپكە چىققان قىزىدىن ئايرىلىپ قالغان. قىزلارنىڭ ئاپىسى كەتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە ئۇيغۇر بالا بىليارت ئوينىغىلى كەلگەن. بىليارت ئويناۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ھېلىقى قىزنىڭ سىڭلىسىغا بىزەڭلىك قىلىشقا باشلىغان. قىز كۆكرەك كېرىپ چىقىپ سىڭلىسىنى قوغداپ، بىر ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلىشىغا كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىلىپ، شۇ ھامان جان ئۈزگەن. قىزنىڭ سىڭلىسى قايغۇ - غەزەپ بىلەن قاتتىق يىغلاشقا باشلىغاندا ھېلىقى ئۇيغۇر بالىسى بازار تەرەپكە كېتىپ قالغان. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، بىرەرسىمۇ ئۇنى توسمىغان، ساقچىغىمۇ خەۋەر قىلمىغان. ئانا قايتىپ بۇ پاجىئەنى كۆرگەندىن كېيىن ساقچى چاقىرىپ كەلگەن. ساقچى ئەتراپتىكى ئادەملەردىن سورىغاندا بىرەر ئادەم، جۈملىدىن بىليارت ئويناشقا بىللە كەلگەنلەر قاتىلنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ساقچىلار ئەتىسى قاتىلنى ھاراق ئىچىپ ئۆلتۈرغان كارىۋىتىدىن تۇتۇۋېلىپ، سوراق قىلغاندا، تونۈگۈن مەست بولۇپ قېلىپ، نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىمنى بىلمەيمەن دېگەن. سوت قاتىلغا مەست بولۇپ قېلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ئادەمنى زەخىملەندۈرگەن، دەپ، ئۇنى ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. جەمئىيەتتە دەرھال غۇلغۇلا كۆتۈرۈلگەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر جەسەتنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىمىز دېگەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، نەپىقە بېرىشكە، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، يۇمشاق، قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ۋەقەنى تىنچىتقاندىن كېيىن بېسىپ قويغان.

3. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، بولۇپمۇ تىلنىڭ گۈللىنىشى. تىل — بىر مىللەتنىڭ جېنى. بىر مىللەتنى كۆڭۈلدىكىدەك كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى — ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاستا - ئاستا يوقىتىشتىن ئىبارەت. خۇ ياۋباڭ سادىر قىلغان ئەڭ چوڭ خاتالىق شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويدى. 1980 - يىلى 10 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر

رايونلىرىدىكى مەسچىت - مەدرىسىلەرنى ئېچىۋېتىش، «قۇرئان كەرىم» نى قايتا نەشر قىلىش قارار قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مەسچىت - مەدرىسىلەر قايتىدىن ئېچىلدى. بۇزۇلغان مەسچىت - مەدرىسە، ئىبادەتخانىلار، دىنىي خارابىلىقلار رېمونت قىلىندى. يېزىلار، شەھەرلەردىكى دىنىي مەكتەپلەر يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك كۆپىيىپ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن بالىلار دىنىي مەكتەپلەرگە كىرىپ دىن ئوقىدى ۋە كونا يېزىقنى ئۆگەندى. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بەرمەي، بالىلارغا دىن ۋە كونا يېزىق ئۆگەتتى. دىنىي مەكتەپلەرگە بىر مەھەل بالىلار سىغماي قالدى. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئالدىدا دىن بىر پەشۋاغا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغانىدى. نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. 30 يىل ئاتېئىزم تەشۋىقاتى، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنى جەلپ قىلىش كۈچى غايەت زور بولدى. تېخىمۇ ئەخمەقلىق شۇ بولدىكى، 1982 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايون قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىقنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جاكارلىدى. كونا يېزىق بىلەن خەنزۇچە پىنيىن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدە باشلانغان يېزىق ئىسلاھاتى — شىنجاڭلىقلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى نابۇت قىلىندى!

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش 1961 - يىلى باشلانغان. بىر مەزگىل سىناپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى بىكار قىلىش، ئاپتونوم رايون ئىچىدە خەنزۇچە پىنيىن بويىچە ئىشلەنگەن يېڭى يېزىقنى قوللىنىش، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان دەرسلىكلەرنى پۈتۈنلەي يېڭى يېزىق بىلەن چىقىرىش مەجبۇرىي بەلگىلەندى. مۇشۇنداق مەجبۇرىي يولغا قويۇلغان يېزىق ئىسلاھاتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئەنئەنىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانلار ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى تونۇمايدىغان، كونا يېزىقتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيالمايدىغان، كونا يېزىق بىلىدىغان چوڭلار يېڭى يېزىقنى بىلمەيدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈزۈك ھالەت كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ، خەنزۇلىشىش بارغانسېرى ئومۇملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەنئەنىسىنى خاتىرىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇ سىياسەت داۋاملاشتۇرۇلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش كۆپ ئاسان بولغان بولاتتى. شۇ چاغدىكى جۇڭگو بېكىنمىلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. خەلقئارادىكى بېسىم نەزەرگە ئېلىنمىسىمۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا بېسىم ئالدىدا ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىمىز. يېزىقنى ئىسلاھ قىلىدىغان بۇنداق ئىشنى ئەمدى قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەينى چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت ساددىلىق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئۇيغۇرلارغا ياخشىچاق بولغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ، تۆز پۇتىغا ئۆزى بالتا چاپتى، يەنە كېيىنكىلەرگىمۇ زىيان سالدى. ئويلاپ باقايلى، ئۇيغۇرلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئۇيغۇرچە تەربىيە ئالسا، ئالىي مەكتەپكە چىقىپ، بىر يىل خەنزۇچە ئوقۇسا، ئاندىن كېيىن تۆت يىل خەنزۇ تىلىدا كەسپىي دەرس ئوقۇسا، نېمە ئۆگىنەلەيدۇ؟

4. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ 1 - قولى ئۇيغۇردىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستانچى كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان ھەيۋىسىگە مەدەت بولدى. تارىختا شىنجاڭدىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە قاتناشقان ياكى شەرقىي تۈركىستانچىلارنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قوللىغان. نۇرغۇن چاغلاردا ئۇيغۇردىن بولغان 1 - قول باشلىقنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئوق چىقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، نۇرغۇن جەڭچىلەر بىكاردىن - بىكار قۇربان بولغان ( شىنجاڭدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە قاراڭ ). ئاساسىي قاتلاملاردا ئۇيغۇر رەھبىرىي كادىرلار ئۇيغۇرلارغا مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز يان باسسا، خەنزۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بەك يامانلاشقان. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، خەنزۇلار بىر قەدەر سەۋرچان ۋە جاپاغا چىداملىق بولۇپ، جان باققۇدەك ئىمكانىيەت بولسىلا قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كەڭ كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش ئاللىقاچان يۈز بەرگەن بولاتتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھازىر چەت ئەللەردىكى جامائەت پىكرىدە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ بولسىلا، خۇ ياۋباڭنى ماختاپ، ۋاڭ جېننى كەمسىتىدىغان سۆزلەر بولمۇۋاتىدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ سىياسىتى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدا ئوخشاشمىغان ئۈنۈم بەردى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھال مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

## ئاھالە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى دۇچ كەلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەر

بىرەر جاينى ئىدارە قىلىشتا بىرىنچىسى، ئادەم. جۈملىدىن باشقۇرۇش تەبىقىسى ۋە باشقۇرغۇچىلار تايىنىدىغان ئاۋام تەبىقىسى، يەنى كۈچنىڭ مەنبەسى؛ ئىككىنچىسى، ماددىي ئاساس، يەنى كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بولىدۇ.

بىرىنچى نۇقتىدا ئىككى ئۇسۇل بولىدۇ: بىرىنچىدىن، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تايىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى يۆلەپ ۋە پارچىلاپ، خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغان قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مىللەت باشقا بولغانىكەن، نىيىتىمۇ باشقا بولىدۇ. دۆلەت بېيىپ كۈچەيگەندە، يەرلىك مىللەتلەرنى باقسا، ئۇلار دۆلەت دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇشنى خالايدۇ. دۆلەت خارابلاشقاندا ئۇلار مۇستەقىل بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق سېتىۋېلىش مەقسەت قىلىنغان «ئىبادەتخانا سېلىش» ۋە بېغىشلار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسمىلاتسىيە

قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن كۆپلەپ كۆچمەن يۆتكەپ كېلىپ، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى نوپۇسنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى تەدرىجىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ بولۇش لازىم. بۇنى ئەمەلىيەتتە جاڭ زولىن شەرقىي شىمالدا قوللانغان — شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىن شەرقىي شىمالغا ھەر كۈنى نەچچە يۈزلەپ ئادەم يۆتكىگەن. بۇ، يېقىنقى زاماندا شەرقىي شىمالنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ ئاساسلىقى مۇشۇ تەجرىبىگە نەزەر ئېلىنغان. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاراپ باقايلى:

بىڭتۇەن تەۋەلىكىدە 13 يېزا ئىگىلىك دىۋىزىيىسى، بىر قۇرۇلۇش دىۋىزىيىسى، 174 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە نۇرغۇن سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىلىرى بار. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئومۇمىي نوپۇس ئىككى مىليون 427 مىڭ 900 كىشى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 703 مىڭ 700 كىشى بولدى. بىڭتۇەن تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلار شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە تارقىلىپ، ھەر بىر رايونغا قوزۇق بولۇپ قېقىلىپ، شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان كۈچنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلىندى.

لېكىن، كۆچمەن كۆچۈرۈش سىياسىتى شىنجاڭدا رېئال مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بىرىنچىدىن، ماددىي ئاساس، ئەڭ مۇھىمى سۇ مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. سۇ بولمىسا ئادەم ياشىيالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھۆل - يېغىن ئاساسلىقى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ غەربىي شامال ئېقىمىدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدىن كېلىدۇ. تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياننىڭ بەسلىلىك شامىلى شىنجاڭغا كىرەلمەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 145 مىللىمېتىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى ( 630 مىللىمېتىر ) نىڭ 23% ىگە توغرا كېلىدۇ. يەرشارىنىڭ ئوخشاش كەڭلىكىدىكى رايونلار ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھۆل - يېغىنى ئەڭ ئاز. ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى مۇنداق: ھۆل - يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدىن كۆپ، غەربىي قىسىمدا شەرقىي قىسىمدىكىدىن كۆپ، تاغلىق جايلاردا تۈزلەڭ جايلاردىكىدىن كۆپ، ئويمانلىقنىڭ چۆرىسىدە ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدىن كۆپ، شامال تېگىدىغان يانتۇلۇقلاردا شامال تەگمەيدىغان يانتۇلۇقلاردىكىدىن كۆپ. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ قۇرغاق كىلىماتىنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، كۆپىنچە يەرلەر قۇملۇق — چۆل. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى 95% نوپۇس شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بوستانلىقلارغا توپلانغان. بوستانلىق رايونلاردا نوپۇسنىڭ زىچلىقى بىر كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا 200 ئادەم بولغان، بەزى جايلاردا 500 ئادەمگە يېتىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نوپۇس زىچلىقىغا يېقىنلاشقان. ئەگەر يېڭى سۇ مەنبەسى بولمىسا، كۆچمەن يۆتكەش بوشلۇقى قالمايدۇ. شۇڭا باشقىچە ئامالە كۆچۈرۈش شەكلىنى، قوللىنىشىمىزغا، يەنى، ئىچكىرى

ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان شىنجاڭلىقلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قالدۇرۇپ، 2 - ئەۋلادىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغىلى، ھەم ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قوشۇلۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىش مەسىلىسى. نوپۇسنىڭ قايتىپ كېتىشى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆتكەن 20 يىلدا شىنجاڭدىن 200 مىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىسى كېتىپ قالغان. بۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلغانلىقىنىڭ تەسىرى. لېكىن بۇنىڭدىن پەيدا بولغان مەسىلىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. غەربىي رايوندا ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشمەيدۇ. كېتىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھۆكۈمران تەبىقە تايىنىدىغان ئوبيېكتلار ئىدى. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بۇنداق كېتىپ قېلىشى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ كۈچىنى بىۋاستە ئاجىزلاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كېتىپ قېلىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاپ كېتىدۇ. كېتىپ قالغانلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش تەسىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپلەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك دەۋر قىلىش شەكىللىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاشقى كۈچ بىلەن چەكلىمىگۈچە — مەسىلەن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئاچمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ.

ھازىر زىيالىي ۋە تېخنىكلاردىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئىچكىرىسىگە قايتىپ كېتىپ بارىدۇ. بۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. قورقۇنچلۇقى شۇكى، كوسوۋودىكى سىربىلار كەڭ كۆلەمدە يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كۆچكەندەك، ئادەتتىكى خەنزۇ پۇقرالار كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىسىگە قايتسا، جۇڭگودىكى يامان ئىش بولىدۇ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئايرىلىپ قېلىشىدەك بىشارەت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالى ( مەسىلەن، نوپۇس تۈزۈمى، ۋاقىتلىق ئولتۇراقلىشىش كىنىشكىسى تۈزۈمى ) بولغاچقا، بۇنداق كۆچۈش ۋاقىتىنچە يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلمىسە، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، نوپۇسنىڭ بۇنداق ئىستىخىيىلىك كۆچۈشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

2. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى

بىرىنچىدىن، سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىپ سۇنى تېجەش. سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىشتە،بىرىنچىسى ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىشى. ياخشى خەۋەر شۇكى،شىنجاڭدىكى ھۆل - يېغىن ئاستا - ئاستا كۆپىيىۋاتىدۇ. جۇڭگو ئاخبارات تورىنىڭ 2002 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى تېلېگراممىسىدىن قارىغاندا، يەرشارىنىڭ قۇملۇقلىشىشى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەزەلدىن ھۆل - يېغىن ئاز بولغان شىنجاڭ ئاستا - ئاستا «نەملىشىش»كە باشلىغان. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ھۆل - يېغىن بارغانسېرى كۆپەيگەن. شىمالىي يېرىم شارنىڭ ئوخشاش كەڭلىكتىكى

رايونلىرىنىڭ ھاۋا كلىماتىدىكى نورمىسىزلىق ئۆزگىرىش شۇكى، تېمپېراتۇرا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ھۆل - يېغىن ئازايغان. پەقەت شىنجاڭ بۇنىڭ سىرتىدا بولغان. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، يەنى 1961 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە، ھۆل - يېغىن شىمالىي شىنجاڭدا 6.9%، تەڭرىتاغ تاغلىق رايونلىرىدا 3.6%، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 21.2% كۆپەيگەن. شىنجاڭدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈپتىن ئۆزگىرىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ، لېكىن ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىشى شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ چوڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاجىز ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ياخشىلاشقا، بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى توغراق ۋە يۇلغۇننى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش. شىنجاڭدىكى يەر ئاستى ئومۇمىي سۈيى 63 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر يىلى بۇنىڭدىن 20 مىليارد كۇب مېترىنى ئېچىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ھازىر ھەر يىلى ئېچىلىۋاتقان يەر ئاستى سۈيى 3 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. بەلكى رايونلار ئارا ئىنتايىن تەڭپۇڭلاشمىغان. يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ھازىر ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق سانائىتى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلغان شىمال ۋە شەرقتىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش ئىنتايىن ئاز بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھال شىنجاڭنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدىكى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ۋە نوپۇسنىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شىنجاڭ رايونىدا، يەر يۈزىدىكى ھۆل - يېغىن چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقتىن، يەر ئاستى سۈيىنى ئاينىشقا بولىدىغان سۇ مەنبەسى قىلىشقا بولىدۇ. گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش سەۋىيىسى ۋە كۈچىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يەر ئاستى سۇ ئامبارلىرى ئۈزلۈكسىز بايقالدى. يېڭى سۇ مەنبەلىرىنىڭ بايقىلىشى، شەكسىزكى، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. تىپىك مىسال شۇكى، جۇڭگو كۆمۈر گېئولوگىيە تارماقلىرى جۇڭگونىڭ «ئىنتايىن قۇرغاق» دېيىلىدىغان شىنجاڭدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇن تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا چوڭ تىپتىكى «يەر ئاستى سۇ ئامبىرى» بارلىقىنى، سۇنىڭ سۈپىتى ئىچىمدىغان ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. بۇ يەر ئاستى سۇ ئامبىرىنىڭ بايقىلىشى شۇ رايوندىكى كۆمۈرلۈكنى ئېچىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. كۆمۈر زاپىسى بىر مىليارد 400 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان بۇ كۆمۈرلۈك 60 - ، 70 - يىللاردا بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، كۆمۈر قېزىش كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەنىدى. ھازىر ئېلېكتىر تارماقلىرى بۇ يەردە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ توك لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن بەرپا قىلىپ، بۇ رايوننى شىنجاڭدا «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزىدىغان» تۇنجى پونكىتقا ئايلاندۇرۇشنى پىلانلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، 2001 - يىلى تارىم ئويمانلىقىدا ئالاھىدە چوڭ يەر ئاستى سۇ ئامبىرى بايقالدى. ئويلاپ باقايلى، تارىمدىكى نېفىت بىرلەشمە جېڭى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە ئېقىتىش، قازاقىستاننىڭ

نېفىتنى ئېچىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا بۇ يەر ئاستى سۇ ئامبىرىنىڭ بايقىلىشى ھەقىقەتەن شىپالىق يامغۇر بولدى.

ئۈچىنچىدىن، سۇ يۆتكەش. شىمالىي شىنجاڭنىڭ سۈيىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەش كېرەك. بىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى تەكشى تارقالمىغان. شىمالدا سۇ كۆپ، جەنۇبتا سۇ ئاز. شىمالىي شىنجاڭدا كەلكۈن ئاپىتىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا سۇ باشلاشنى ئويلاپ كۆرسەك بولىدۇ. بۇنداق سۈيى مول جايلاردىن قوملۇق، سۈيى يوق جايلارغا سۇ ئاپىرىپ ئېكولوگىيىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى توغرىسىدا خەلقئارادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەجرىبىلەر بار. ئىسرائىلىيىنىڭ شىمالىنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا باشلاش قۇرۇلۇشى شۇ جۈملىدىندۇر. ئىسرائىلىيىدە سۇ مەنبەسى بار جايلار ئىنتايىن تەكشى ئەمەس، 80% سۇ مەنبەسى شىمالدا. سۇغىرىشقا ئېھتىياجلىق ئۈچتىن ئىككى قىسىم رايون جەنۇبتا. شىمالنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىسرائىلىيىدىكى سۇ مەنبەسى مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، جەنۇبنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرغان ئاساسىي ئامىلنى ھەل قىلىپ، ناچار ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ئۆزگەرتىپ، جەنۇبنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەھۇدىيلارنىڭ ياشاش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ھېچنېمە ئۆسمەيدىغان قۇملۇقلارنى بوستانلىقلارغا ئايلاندۇردى ھەمدە ئەلا سۈپەتلىك مېۋە، كۆكتات، گۈل - گىياھلارنى ئىشلەپچىقاردى. ئىسرائىلىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى سۇ يېتىشمەيدىغان قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزنى ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ئۈلگىسى بىلەن تەمىنلىدى.

ئالدى بىلەن، شىنجاڭنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ باقايلى. شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى ۋە ئالتاي رايونىدىكى ئىككى دەريا — ئىلى دەرياسى ۋە ئېرتىش دەرياسى چەت ئەلگە ( قازاقىستانغا ) چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ سۇ مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ 20 پىرسەنتىدىن پايدىلىنالايمىز. قالغان 80 پىرسەنتى چەتئەلگە ئېقىپ كېتىدۇ. بۇنى تېز باشلاپ كېلىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك، گەرچە بۇنداق قىلغاندا خەلقئارا سۇ مەنبەسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش مەسىلىسىنى پەيدا قىلىسىمۇ. شىنجاڭ رايونىدا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۇنى ئۆستەڭ بىلەن باشلىماي، تۇرۇبا بىلەن باشلاش كېرەك. تېخنىكا جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق بولمايدۇ. ئىقتىسادىي نۇقتىدىن قارىغاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، تېز ئۈنۈمى بولمىسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ ھەر يىلى شىنجاڭغا نامراتلارنى يۆلەشكە بېرىدىغان ياردەم پۇلىنى ۋە سۇنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ھەربىيگە بېرىلىدىغان خىراجەتنى تۆۋەنلىتىشنى ئويلىغاندا، بۇنداق تۇرۇبا بىلەن سۇ باشلاش گۇڭ كۆتۈرىدۇ.

يېقىندا سۇ مەنبەسىنى ئېچىش ھەققىدە توختالدۇق. ئەمدى سۇ تېجەش ھەققىدە توختىلىمىز. بىزگە مەلۇمكى، سۇ مەنبەسىنى ئېچىپ، ئاسرىمىغاندا سۇ ھامان يېتىشمەيدۇ.

هازىر شىنجاڭدىلا ئەمەس، جەنۇبىي جۇڭگونىڭ جۇجياڭ دەرياسى ئېقىمىدىكى بەزى جايلاردىمۇ سۇ قىسلىق قىلىۋاتىدۇ. رېئاللىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شىنجاڭ رايونىدا سۇنى تېجەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىدى. هازىر شىمالىي شىنجاڭدىكى بەزى رايونلاردا يەر ئاستى سۈيى تۈگەپ كېتىش مەسىلىسى كۆرۈلدى. شىنجاڭدا سەرپ قىلىنىدىغان ئومۇمىي سۇنىڭ 98.5 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىكىگە سەرپ قىلىنىدۇ ( شىنجاڭدا نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ نىسبەت سەل تۆۋەنلىدى ). ئاز ساندىكى رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا سۇغىرىش ئۇسۇلى يەنىلا ئىپتىدائىي سەۋىيىدە تۇرۇپتۇ. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭدىكى سۇدىن پايدىلىنىشتا ئىسراپچىلىق ئېغىر ئىكەن. مەسىلەن، ئېرىقلاردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئاران 0.45 ئىكەن ( ئېرىقلاردا سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئول ئۆستەڭدىن ئېتىزدىكى ئېرىقلارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك سۇ يەتكۈزۈش سىستېمىسىدىكى زىياننى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پۈتكۈل ئېرىق - ئۆستەڭ سىستېمىسىنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ). شىنجاڭدا ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئومۇمىي سۇ مىقدارى 800 كۇب مېتىر (ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن جىق)، خوتەندە 1100 ~ 1200 كۇب مېتىر، يەكەندە 1000 كۇب مېتىر، ئاقسۇدا 1200 ~ 1500 كۇب مېتىر بولغان. شىمالىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسى، 8 - دىۋىزىيىسىدە 500 ~ 590 كۇب مېتىر بولسىمۇ، مەھسۇلاتقا تەسىر يەتمىگەن.

يۇقىرىقى سانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا سۇ تېجەشتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. ئېرىقلاردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى تېجەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى 0.45 تىن 0.51 گە كۆتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىر تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە 0.7 گە يەتكۈزۈلدى. يەنە بىرى، سۇغىرىش نورمىسىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. يەنى ھەر مو يەرگە ئىشلىتىلىدىغان سۇنى 800 كۇب مېتىردىن 700 كۇب مېتىرغا، يەنە تىرىشىپ 600 كۇب مېتىرغا تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. ھەر مو يەرگە ئىشلىتىدىغان سۇ 800 كۇب مېتىردىن 700 كۇب مېتىرغا تۆۋەنلىتىلسە سۇغىرىش كۆلىمىنى 3 مىليون مو كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر كۇب مېتىر سۇ بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنى ھېسابلاش ئارقىلىق سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە قاراش كېرەك. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ماناس رايونىدا ھەر كۇب مېتىر سۇ بىلەن 0.7 كىلوگرام بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلغان، يۇقىرى ھوسۇللۇق يەرلەردە 1.5 كىلوگرام بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلغان. پۈركۈپ سۇغىرىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى كىلوگرامغا يەتكۈزۈلگەن. خەلقئارا سەۋىيىگە سېلىشتۇرغاندا، مەسىلەن، ئىسرائىلىيىدە ھەر كۇب مېتىر سۇ بىلەن 2.3 ~ 2.6 كىلوگرام بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلغان. بىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭدا سۇنى تېجەش ئىمكانىيىتى چوڭ.

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىمۇ قىلىدىغان ئىشلار بار. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 30 يىلدىن بۇيان، تۈزلەڭدە ئۈچ مىليارد كۇب مېتىرلىق سۇ ئامبارلىرىنى، ئاران

نەچچە ئون مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان تاغلىق رايون سۇ ئامبارلىرىنى ( بۇنى ئەلۋەتتە ئىككىسىگە كېتىدىغان مەبلەغ ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىدىكى پەرق بەيدا قىلغان ) سالدى. تۈزلەڭدىكى سۇ ئامبارلىرى ئەمەلىيەتتە تەبىئىي كۆللەر بىلەن سۇ ئالىشىپ، تەبىئىي كۆللەرنىڭ سۈيىنى ئازايتىپ، كۆلىمىنى كىچىكلىتىۋەتتى. شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىك سۇ ئامبارلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە. شىنجاڭدا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا سۇ مەنبەسى ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئامبارلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىياننى نوسۇپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تاغلىق رايونلاردىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كەلكۈن مەزگىلىدە سۇنى يىغىۋېلىپ، سۇنىڭ بىكار زايە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى كېڭەيتكەندىن باشقا، سۇ مەنبەسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. يىراقنى كۆرەلمەيدىغان قىلمىشلارنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ بىلەن تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىنىپ، قالايمىقان ئاچىدىغان هادىسىلەرنى چەكلەش لازىم. تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا 30 يىل سۇ ئۈزۈلۈپ قالغاچقا نۇرغۇن توغراق قۇرۇپ كەتتى. مانا بۇ، سۇ مەنبەسىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى پەيدا قىلغان ئېكولوگىيە ناچارلىشىشىنىڭ تىپىك مىسالى هېسابلىنىدۇ. هېلىمۇ ياخشى شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق هۆكۈمەت بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىپ، شىنجاڭدا سۇ مەنبەسىنى قوغدايدىغان تۇنجى قانۇن — «ئاپتونوم رايون يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ماقۇللاپ، 2002 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ يولغا قويدى. بۇنىڭدىن باشقا «سۇ ئېلىشقا ئىجازەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ پرىنسىپلىرى»، «قۇدۇقلارنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق ئۇسۇلى»، «كۆللەرنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق ئۇسۇلى» ۋە «تارىم دەرياسىدا سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىمۇ ئېلان قىلدى.

ئەگەر سۇ مەسىلىسىنى هەل قىلغىلى بولسا، شىنجاڭغا، نۇقتىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆپلەپ كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تارقىلىشىغا قاراپ باقايلى: شىنجاڭدىكى نوپۇسنىڭ تارقىلىشى مىللەتلەر بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى 20% تىن ئېشىپ كېتىدىغان يەتتە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدا. شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى خوتەن رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى 96.9% كە يېتىپ، يالغۇز مىللەتكە باراۋەر بولۇپ قالغان، شىنجاڭنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى ئالتاي رايونىدا ئۇيغۇرلار ئاران 1.8% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان — نىسبىتى 50% تىن ئېشىپ كېتىدىغان رايون بەش بولۇپ، بۇ يەرلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى مەركەزلەشكەن. بۇ بەش رايون خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىن ئىبارەت. جۈملىدىن خوتەن ۋە قەشقەر شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىنىڭ ماكانى. ئىسرائىلىيىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خەنزۇلارنى كەڭ كۆلەمدە

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم ( ئادەم يوق يەرلەرگە كۆچۈرۈش كېرەك. خەنزۇلار كېلىپ ئۇيغۇرلار ياشايدىغان بوشلۇقنى تارتىۋالدى، دەيدىغان تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق لازىم ). شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇ باشلاپ كېلىنگەنلىكتىن، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ياخشىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستان تېرروررچىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇش بوشلۇقى چەكلىنىدۇ.

3. هازىرقى باسقۇچتا هۆكۈمەت قوللىنىدىغان تاكتىكىلار

هازىرقى شەرقىي تۈركىستان تېررورچى تەشكىلاتلىرىنىڭ هەرىكىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، هۆكۈمەت تۆۋەندىكى تاكتىكىلارنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

A. تېرروررلۇق هەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. تېرروررچىلار بايقىلىپ تەكشۈرۈلۈپ چىققان هامان قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆلتۈرۈش، خەلقئارادىكى ئاتالمىش كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىلىشىشىنى هەرگىز نەزەرگە ئالماسلىق لازىم. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، ئۆتۈلۈپ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن تېرروررچىلار كۆپ هاللاردا تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ تايانچىسى بولۇپ قالغان.

B. تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ مەبلەغ مەنبەسىنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

C. خەلقئارالىق مۇدابىئە كۆرۈش لازىم. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر خەلقئارادىكى كۈچلەرنىڭ قوللىشى بولمىسا شەرقىي تۈركىستان تېررورچى تەشكىلاتلىرى مەڭگۈ كىلىمات يارىتالمايدۇ. خەلقئارادا جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ قولىدا گرېتسىيە كوزىرى، سىپرۇس كوزىرى بار. تۈركىيىگە نىسبەتەن سایاهەت - ئىقتىساد كوزىرى، كۇردلار كوزىرى بار. ئوتتۇرا شەرقتە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا كوزىرى بار: ئوتتۇرا ئاسىيادا يېقىندا قۇرۇلغان شاڭخەي هەمكارلىق تەشكىلاتى بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرىدىغان ئۈنۈملۈك قورال هېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، نەزەرنى شەرقىي تۈركىستان تېرروررچىلىرىغىلا تىككەندە بەك يۈزەكىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوراللىق كۈچى هەقىقىي نىشان هېسابلىنىدۇ.

D. ئۇيغۇرلارنى خۇيزۇ، موڭغۇل، قازاقلار ئارقىلىق تىزگىنلەش كېرەك. ئەگەر شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەتلەر نوپۇسى نىسبىتىنى تەھلىل قىلغاندا، شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىدە بۇ پرىنسىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى نوپۇس ئىچىدە موڭغۇللار ئاران 4.5% نى، ئۇيغۇرلار 34.3% نى ئىگىلەيدۇ. موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر ئاپتونوم ئوبلاستى بولغان بۆرتالادا موڭغۇللار نوپۇسىنىڭ 6.8% نى، ئۇيغۇرلار 16% نى ئىگىلەيدۇ. شەكسىزكى، بۇ شۇ چاغدىكى هۆكۈمەتنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى قازاقلارغا تايىنىش ئارقىلىق كونترول قىلىش كېرەك. ئەگەر تەبىئىي بايلىقنىڭ تارقىلىشىنى تەكشۈرگەندە بۇ پرىنسىپنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

٣. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇپ شىنجاڭدىكى خەنزۇ كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بىزگە مەلۇمكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتنى كونترول قىلىشى مەيلى ۋاستە جەھەتتىن ياكى ئۇنۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنتايىن ناچار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ھۆكۈمەت ئارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، كىچىك ئىشلار تۈپەيلىدىن زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

٤. شىنجاڭدا قانۇن - تۈزۈمنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، خەنزۇلار ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كۆچمەنلەرگە ئىلھام بېرىش كېرەك. خەنزۇلار كۆچۈشنى خالىمايدۇ، دەپ قارىماسلىق لازىم. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى باختىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىچۈەن دېھقانلىرى يىغىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئاز ھەق ئېلىپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ بولىدۇ. ئەگەر مۇئەييەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىلسە، ئەينى يىللاردا شەندۇڭلۇقلار شەنخەيگۇەننىڭ شەرقىدىكى جايلارغا بېسىپ كىرگەندەك دولقۇن چوقۇم شىنجاڭدا پەيدا بولىدۇ.

## شىنجاڭ مەسىلىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ

ئافغانىستان ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشكە ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى — ئامېرىكىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ۋاستىسى ( كوسوۋو ئەندىزىسى ) نى ئۇيلاشقا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا كىرگۈزۈپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. شىنجاڭنى مەھكەم ئىگىلەپ ئېچىش بىزنىڭ نىشانىمىز، شۇنداقلا جۇڭخۇانىڭ كەلگۈسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەتتە ئۇزۇن، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىر يۈرۈش پىلان بولىشى كېرەك. يىراقتىن قارىغاندا، ئاخىرقى نىشان ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش بولىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقىتىش لازىم. نۆۋەتتە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

١. خەنزۇ تىلىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قوغداپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىنى ئاستا - ئاستا ئاجىزلىتىش لازىم. بۇ، ئەمەلىيەتتە قىيىن ئىش ئەمەس. شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئىچكىرىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش كۆپەيسە، خەنزۇ تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى مۇقەررەر كۈچىيىدۇ. خەنزۇلار يېتەكچى ئىقتىسادىي ئورۇننى

ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىچىكىدىن خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قوش تىللىق ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى خەنزۇ تىلى ئىشلىتىش ( ياكى خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگىنىشنى مۇكاپاتلاش شەرتى قىلىش ) لازىم. ئىچكىرىدىكى كارخانىلار ۋە ھەرخىل فوندلارمۇ ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە ئۆگىنىش مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلارنى بېرىش كېرەك. بۇنى ھەش - پەش دېگۈچە قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇلسا، ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ.

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، لېكىن خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشنى بەدەل قىلماسلىق لازىم. يېقىندا ئىپتىقاندەك، خەنزۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدىغان سىياسەت بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ 1 - قول باشلىق ئۇيغۇر بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بىيوكراتلىق ئەنئەنىسىدىكى جۇڭگودا ئىنتايىن چوڭ نارازىلىق قوزغىدى. قانۇننى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، خەنزۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى 2 - دەرىجىلىك پۇقرالىق مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش لازىم. ھازىر خەنزۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىگە كەتمەسلىكىدە نوپۇس تۈزۈمى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. لېكىن دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇس تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. كونىلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقەتەن خەنزۇلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىچكىرىگە كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. سۇ بايلىقى مول، ئېچىلمىغان يەرلەرگە كۆچمەن كۆچۈرۈش، خەنزۇ كۆچمەنلەرنى ئادەم يوق يەرلەرگە ئېۋەتىش ماكرو قاتلامدىن ئېيتقاندا يەرلىك مىللىي ئەزىمەتلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا، قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن يەرلىك مىللەت خەلقى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشمىغاندا ۋە ئۆزئارا چېقىلمىغاندا، ئۇلار بىلەن بايلىق تالاشمىغاندا، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمىگەندە، بۇنىڭدىن پەيدا بولغان توقۇنۇش ئاساسىي قاتلامغا يامراپ كەتمەيدۇ.

3. شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىش، غەربىي رايوننى ئېچىش شامىلىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى، قاتناش قۇرۇلۇشىنى زورايتىش لازىم. تۆمۈر يول ياساش ۋە سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىنى پۇرسەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن كۆچمەننى شىنجاڭغا ( ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭغا ) كۆچۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. مەسىلەن شىنجاڭدىكى خوتەن رايونىنىڭ كۆلىمى 247 مىڭ 800 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 15% پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بوستانلىق كۆلىمى 9730 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 620 مىڭ 500 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 1.62 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليون 743 مىڭ 813، ئۇيغۇرلار بىر مىليون 685 مىڭ 838 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 96.68% نى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.4‰، خەنزۇلار ئاران 54 مىڭ 326 ئادەم.